شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
26
پەيشەنبە
维吾尔文 12 月26日

新疆日报网 : www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W : مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24921 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

مەركىزىي كومىتېت بەنگۈڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭى پىكىر بېسىپ تارقاتتى

ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىشىگە ئائىت تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭى «ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىشىگە ئائىت تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇۋاپىق، ئادىل، راۋان، تەرتىپلىك بولغان جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىش ۋەزىيىتى بەرپا قىلىپ، شەخسنىڭ تەرەققىياتىنى دۆلەتنىڭ بېيىش ـ قۇدرەت تېپىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇردى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇردى، يېقىندا كىرىپ ئورۇنلىشىش ـ پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەملەر ئارا گىرەلەشمە باھالاش خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن ماس قەدەمدە كىرىپ ئورۇنلىشىپ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردى. يىغىندا، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ رۇڭجۈن كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى ھەم كۆزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۆلچەملەر ئارا گىرەلەشمە باھالاش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى باھالاشقا ئالاقىدار خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن مەخسۇس كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە 2018 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشتا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر 2019 ـ يىللىق شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى ھەم ئالاقىدار يولداشلار، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەملەر ئارا گىرەلەشمە باھالاش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە تۈزۈم ئەۋزەللىكى نامايان بولدى

☐ بەي جيېۋ

87 مىڭ 500 ئادەم قېتىم شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە قاتناشتى، تۈرلۈك شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغى جەمئىي 120 مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشتى، يولغا قويۇلغان كەسپىي ھەمكارلىق تۈرى 12 مىڭدىن ئاشتى... 2010 ـ يىلى يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، 19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭ بىلەن قول تۇتۇشۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تېز يولغا مېڭىشىغا كۈچ قوشۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى.

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە شىنجاڭ خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك ياردەم بەردى، شىنجاڭغا دەل جايىدا ياردەم بەردى، شىنجاڭغا ئۇزاققىچە ياردەم بەردى، سېلىنغان مەبلەغنىڭ زورلۇقى، قاتناشقان خادىملارنىڭ كۆپلۈكى، قاپلىغان ساھەنىڭ كەڭلىكى مىسلىسىز بولۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ تەرەققىيات قىياپىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە نامايان قىلدى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ياراتقان پۇرسەت، ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىش، ئۇرغۇتقان ئىشەنچ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

نامراتلىق يىلتىزىنى قېزىش، مەكتەپ قۇرۇش، تېببىي دورا يەتكۈزۈش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىللىقلىقنى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇردى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

☐ ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جاڭ زىجۈن، لى يۈخېڭ

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئامما ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان، ئەڭ غەم قىلىۋاتقان، ئەڭ ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆچەپ ھەل قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزدى.

شەھەر ـ يېزا تۆۋەن كاپالەتتە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ غەم قىلىدىغان ئىشلىرىنى ھەل قىلدى

يېقىندا، ئالتاي شەھىرىدىكى تۆۋەن كاپالەتلىك ئاھالە ئابلىمىت ياسىن ئائىلىسىدىكىلەر ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

ئالتاي ۋىلايىتى يېزا تۆۋەن كاپالەتلىك بويىچە مەخسۇس تۈزەش جەريانىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلگىرى تۆۋەن كاپالەتكە ئىلتىماس قىلغان، تۆۋەن كاپالەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھەمدە تۆۋەن كاپالەتتىن چېكىنىپ چىققان خادىملارنى ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈردى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئائىلىلەرگە كىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا ئابلىمىت ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ئىگىلەپ، سىياسەت ـ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ۋاقتىدا تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى يېڭى شەھەر،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل نىيىتىنى قەتئىي پاش قىلىمەن ۋە تەنقىد قىلىمەن

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى **ماھنۇر قاسىم**

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ياخشىلانغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستى ۋە شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ ۋە ئۇنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق مەسىلىلەردىكى قوش ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

قۇرۇلما ئەلالاشقا قاراپ يۈزلەندى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ قولايلاشتى

ئالدىنقى 11 ئايدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30%تىن كۆپرەك ئاشتى

مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئۆتكۈزگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، سودا قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىدىن مەنپەئەتلىنىپ، ئالدىنقى 11 ئايدا، شىنجاڭ ئىشقا ئاشۇرغان تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 149 مىليارد 170 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 31.1% ئاشقان.

ئالدىنقى 11 ئايدا، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورتى 114 مىليارد 470 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 24% ئاشقان؛ ئىمپورتى 34 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 62% ئاشقان. 3 ـ ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئايلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىدە ئۇدا توققۇز ئاي ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان، بولۇپمۇ 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ ئايدىكى تاشقى سودا ئايلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىممىتى تېز ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 76%، 83.9%، 60.2% ئاشقان.

سودا شەكلىدىن قارىغاندا، ئاساسلىق سودا شەكلىدىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورتتا بىردەك ئېشىش ساقلانغان. ئالدىنقى 11 ئايدا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئىشچىلار شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا ئاپتوموبىل قۇراشتۇرماقتا. 11 ـ ئايغا قەدەر، بۇ شىركەت 2604 ئاپتوموبىل ئېكسپورت قىلدى. ☐ مۇخبىرىمىز شى لۇڭ فوتوسى

بىر تال نامراتلارنى يۆلەش ئۇچۇرى ئېلىپ كەلگەن مىليون يۈەنلىك زاكاز تالونى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ **ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جاڭ لۇ، ياڭ لىي**

«جاڭ شۇجى، بۇ 168 ماموق كىيىم مېنىڭ ئازراق كۆڭلۈم، كەنتتىكى باللارنىڭ قىشنى ئىسسىق ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن!» 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ دالىيەن شەھىرىدىكى دۇڭ گۈيفاڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازىرى يار بېشى كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى جاڭ شىنغا يەنە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يار بېشى كەنتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. يېقىندا، دۇڭ گۈيفاڭ بىر تال نامراتلارنى يۆلەش ئۇچۇرىنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن يار بېشى كەنتىگە كېلىپ، كەنت بىلەن مىليون يۈەنلىك ياڭاق زاكاز تالونى ئىمزالاپ، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىغا كۈچ قوشقان.

بۇ ئىشنى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ سۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۇڭ گۈيفاڭ ئۇزۇن يول ئازابىنى تارتىپ يار بېشى كەنتىگە كېلىپ، كەنت كادىرىنىڭ باشلىشىدا، ئۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ خىزمەت رايونىغا قاراپ ماڭدى، خىزمەت رايونىغا كىرىپلا يۇقىرى ئاۋازدا جاڭ شىننىڭ ئىسمىنى توۋلىدى.

«مېنىڭ ئىسمىم دۇڭ گۈيفاڭ، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ دالىيەن شەھىرىدىن ياڭاق سېتىۋېلىش ئۈچۈن جاڭ شۇجىنى ئىزدەپ كەلدىم!» دۇڭ گۈيفاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسىغا ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى تونۇشتۇردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

تۇلپارلار قارلىق دالىدا چاپماقتا

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، موڭغۇلكۈرە چوڭ يايلىقىدا، چارۋىچىلار قار دېڭىزىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلىرىنى ھەيدەپ ماڭماقتا. ئاتلار چەكسىز كەتكەن قارلىق دالىدا چېپىپ، تۇياقلىرىدىن ئاپئاق قار تۇمانلىرى چىقىرىپ، ھەيۋەتلىك مەنزىرە شەكىللەندۈردى. ☐ لى ۋېنۋۇ فوتوسى